ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى - روينۇڭ سامان بولماس

1996
يىل
14 - سېنتەبر
(مىزان)
شەنبە
№37
(4046)

# يېڭى ھايات

Жаңа Өмір

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي - سىياسىي «ئۇيغۇر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ ھەپتىلىك قوشۇمچىسى 1970 - يىلى 1 - يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.



سۈرەتتە سىز كۆرۈپ تۇرغان بۇ مويسىپىت كىشى ئالمۇتا شەھىرىنىڭ سۇلتانقورغان مەھەللىسىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئىسمائىل ئىلىيېۋتۇر. پۈتۈن ئۆمرى ئەمگەك بىلەن ئۆتكەن ئىسمائىل ئىلىيېۋ ھازىر 81 ياشتا. ئۇ ئۆمۈرلۈك رەپىقىسى رۇقىيەم ئانا بىلەن يەتتە ئوغۇل، بىر قىزنى ئوستۇرۇپ قاتارغا قوشقان. بۇ بەختىيار بوۋاي - مومايىنىڭ ھازىر يىگىرمە نەۋرىسى، ئۈچ چەۋرىسى بار.

پ. ئەخمەت چۈشەرگەن سۈرەت.

## ئەخبارات ئاگېنتلىقلىرى خەۋەرلىرىدىن

### قازاقىستان - مىللەتلەر ئارا رازىمەنلىك

### دۆلەتنىڭ ئۈلگىسى

پرېزىدېنت نۇرسۇلتان نازاربايېۋ 9 - سېنتەبر كۈنى يېۋروپىدىكى بىخەتەرلىك ۋە ھەمكارلىق بويىچە ئۇچلۇك تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلدى. دېلېگاتسىيە تەركىۋىدە شۋېيتسارىيە تاشقى ئىشلار مىنىسترلىكى دۆلەت كاتىۋىنىڭ ياردەمچىسى - ئەلچە ژان - مارك بۇلگارىس، ۋېنگرىيە تاشقى ئىشلار مىنىسترلىكى دۆلەت كاتىۋىنىڭ ياردەمچىسى - ئەلچە ئاندرى ئىردېش ۋە دانىيە تاشقى ئىشلار مىنىسترلىكى يېۋروپىدىكى بىخەتەرلىك ۋە ھەمكارلىق بويىچە دېپارتامېنتىنىڭ باشلىقى - ئەلچە ۋىلىيام فرىس - مېۋللېر بار.

ژان - مارك بۇلگارىس ئۇچرىشىشتىن كېيىنكى سوھبەتتە ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى يۇقىرى باھالىدى. دېلېگاتسىيە سەپىرىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى قازاقىستاننىڭ نېمىگە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي بىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ مەقسەت قولغا كەلتۈرۈلدى، دېدى ئۇ.

### دىپلوماتىك خىزمەتنىڭ ۋەزىپىلىرى مۇھاكىمە قىلىندى

9 - سېنتەبر كۈنى پرېزىدېنت نۇرسۇلتان نازاربايېۋنىڭ تاشقى سىياسەت بويىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇش بويىچە دىپلوماتىيەلىك خىزمەتنىڭ ۋەزىپىلىرىگە بېغىشلانغان جۇمھۇرىيەت تاشقى ئىشلار مىنىسترلىكى كوللېگىيەسىنىڭ كەڭەيتىلگەن مەجلىسى بولۇپ ئۆتتى.

كوللېگىيەنىڭ ئىشىغا دۆلەت كاتىۋى ئاخمېتژان ئىسىموۋ، بىر قاتار مىنىسترلىكلەر بىلەن ئىدارىلارنىڭ رەھبەرلىرى ۋە قازاقىستاننىڭ چەت ئەللەردىكى ئەلچىلىرى قاتناشتى.

### قازاقىستاننىڭ كادېت كورپۇسى م د ھ دىكى

### تۇنجا ئوقۇش ئورنى

كادېت كورپۇسىدا كەسپىي ماھارەتكە ئىگە ھەربىيلەرنىڭ يېڭى ئەۋلادى تەربىيەلىنىدۇ ۋە ئۇ قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەسپىي ئارمىيەسىنى قۇرۇش يولىدىكى تۇنجا باسقۇچلاردىن بىرى بولۇپ قالىدۇ.

ئارمىيەنى ئىسلاھ قىلىش پەقەت ھەربىي ئىدارىنىڭلا ئەمەس، شۇنداقلا ئومۇمىي دۆلەتلىك ۋە پەۋقۇلاددە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەزىپىدۇر. بىيىل 1 - ئىيۇلدا پرېزىدېنت نۇرسۇلتان نازاربايېۋ «قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى مۇداپىئە مىنىسترلىكىنىڭ كادېت كورپۇسىنى قۇرۇش توغرىلىق» پەرمانغا ئىمزا چەكتى. ئۇنىڭ مەقسىتى قۇراللىق كۈچلەر ئۈچۈن كىچىك قوماندا تەركىۋىنىڭ كادىرلىرىنى تەربىيەلەشتىن ئىبارەت.

9 - سېنتەبر كۈنى كادېت كورپۇسىنىڭ ئېچىلىش مەراسىمى بولۇپ ئۆتتى.

### پېنسىيونېرلارنىڭ نارازىلىقى

9 - سېنتەبر كۈنى جامبۇل شەھىرىنىڭ پېنسىيونېرلىرى باشلىغان مىڭغا يېقىن ئادەم تولىبى ۋە ئاباي كوچىلىرىنىڭ قىيىلىشىغا يىغىلىپ، ئاۋتوموبىللارنى ماكغۇزماي قويدى. پېنسىيونېرلارنىڭ ئاساسىي تەلىۋى پېنسىيە پۇلى مەسىلىسىگە تاقىلىدۇ. ماي ئېيىدىن بېرى پېنسىيە ئاخچىلىرىنى ئالالمىغان قېرىلارنىڭ ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن بولغان ئىمكانىيەتلىرى تۈگىگەن.

10 - سېنتەبر كۈنى نارازىلىق بىلدۈرگۈچىلەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىيەت ئالدىغا يىغىلدى. ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئاڭلاپ، مەسىلىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ۋىلايەت ھاكىمىنىڭ بىرىنچى ئورۇنباسارى ژۇمابېك ساپارباييېۋ چىقتى.

- ئۈچ كۈن ياكى بىر ھەپتە ئىچىدە بارلىق ئاخچىنى بېرەلەيمىز دەپ ئېيتالمايمىز. بۈگۈن بوجېتا بولۇمچىلىرىگە سەككىز مىللىيون تەڭگە تەۋەتىلدى. ھەر كۈنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە شۇنداق ئەۋەتىپ بېرىمىز، - دېدى ژۇمابېك ساپارباييېۋ. شۇنىڭدىن كېيىن نارازىلىق بىلدۈرگۈچىلەر ئاران تارقاشتى.

### شپىيتلار ئۈچۈن ئەزىر بېرىلدى

گروزنىينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئازاتلىق مەيدانىدا كۆپ ئادەم يىغىلىپ، مۇستەقىللىق ئۈچۈن شېھىت بولغان جەڭچىلەر، بىگۇنا ھالاك بولغان تىنچ ئاھالىلار ئۈچۈن ئەزىر بېرىلدى. ئوپپوزىتسىيە تەرىپىدىن كومېندانت بولۇپ بەلگۈلەنگەن ئاسلانبېك ئەبۇخادجىيېۋ مۇنداق چارىلەرنىڭ باشقا جايلاردىمۇ ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

### كەچۈرۈم ئېلان قىلىندى

ئىچكېرىيە چېچەن جۇمھۇرىيىتىنىڭ بەش يىللىقىغا مۇناسىۋەتلىك پرېزىدېنت زېلىمخان ياندارىيېۋ كەچۈرۈم قىلىش بويىچە ئۆز پەرمانىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «ھەربىي ھاكىمىيەتنى ئېچىلىش يولى بىلەن تەرتىپكە كەلتۈرۈش جەريانىنى ئېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا باغلىق، چېچەن خەلقىنىڭ بىرلىكى بىلەن ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە، ئاللانىڭ پاك يولى ئۈچۈن، باسقۇنچىلىق ۋە قۇرچاق ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلمىلىرىغا قاتناشقان، جۇملىدىن گروزنىيدا قوراللىق قارشىلىق كۆرسەتكەن ئىچكېرىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقرالىرى جىنايى جاۋابكەرچىلىكتىن ئازات قىلىنسۇن»

## «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىغا 1997 - يىلىغا مۇشتىرى بولۇش باشلاندى

ھۆرمەتلىك گېزىتخان! سىز ئانا تىلىڭىزدا چىقىۋاتقان بىردىن - بىر نەشىر «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە «يېڭى ھايات» گېزىتلىرى ئارقىلىق مۇستەقىل قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەتلىرىدىن، بارلىق ۋاقەلەردىن ۋە شۇنداقلا ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان ئومۇمەن ھەمدوستلۇق ئەللىرىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىختىسات ساھالىرىدىكى ھايات تىرىكچىلىكىدىن، ئۇيغۇرلار دۇنيارى - شەرقىي تۈركىستاندا، تۈركىيە، گېرمانىيە، ئاۋستراليە، ئامېرىكا، سەئۇدىيە ئەرەبىستاندا ۋە باشقا دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھاياتىدىن، ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئۈمۈتلىرى يولىدىكى ئىش - پائالىيەت كۈرەشلىرىدىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە شانلىق تارىخىمىزدىن، قەدىمىي مەدەنىيىتىمىز بىلەن سەنئىتىمىزدىن، ئۆرپ - ئادەت ۋە ئەنئەنىلىرىمىزدىن، ئىلىم - پەن ۋە باشقا ساھالاردا بۈيۈك چوققىلاردا كۆرۈنۈپ كېلىۋاتقان كىشىلىرىمىز بىلەن تونۇشۇپ كېلىۋاتىسىز.

سىزنىڭ ئەينە شۇ سۆيۈملۈك گېزىتلىرىڭىزغا 1997 - يىلىغا مۇشتىرى توپلاش ئىشى باشلاندى. سىز گېزىتلارغا ئۆزىڭىز تۇرۇۋاتقان جايلاردىكى ئالاقە بولۇملىرى، جامائەتچىلىك ئاساسىدىكى مۇشتىرى توپلىغۇچىلار ۋە ۋېكىت باشلىرى ئارقىلىق يېزىلىشىڭىزغا بولىدۇ.

«ئۇيغۇر ئاۋازى» - يىللىق يېزىلىش باھاسى - 422 تەڭگە 64 تىيىن. ئىندېكسى - 65357.

«يېڭى ھايات» - يىللىق يېزىلىش باھاسى - 438 تەڭگە 36 تىيىن. ئىندېكسى - 65359.

*گېزىتلارغا ئۆز ۋاقتىدا مۇشتىرى بولۇشنى ئۇنتۇماڭ!*

